# سۇپا ئىقتىسادىنىڭ قېلىپلاشقان، ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سۇپا ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى ئورنى ۋە رولى كۈنسايىن گەۋدىلەندى. سۇپا ئىقتىسادى پۈتۈن جەمئىيەت بايلىقىنى تەقسىملەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېخنىكا ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش، رەقەملەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق، خەلق ئىگىلىكى ئايلىنىشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، شۇنداقلا دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئەقلىيلىشىش، پۈتۈن رايونلىشىش، خاسلىشىش، ئىنچىكىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. دۆلىتىمىزنىڭ سۇپا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ياخشى، رولى ئىجابىي، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، بەزى سۇپا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى قېلىپلاشماسلىق، خەۋپ-خەتەر مەۋجۇت بولۇش، سۇپا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماسلىق، كەمتۈكلۈكلەر مەۋجۇت بولۇش، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك مەسىلىلىرىمۇ بىرقەدەر گەۋدىلىك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، تەرەققىيات ۋە قېلىپلاشتۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، سۇپا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سۇپا ئىقتىسادىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، قائىدىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۆۋەن چەكنى ئېنىق ئايرىپ، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرتىپلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىك، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئادىل رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇپ، كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قېلىپلاشتۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىدارە قىلىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ھاياتىي كۈچكە، ئىجادكارلىققا ئىگە تۈزۈم مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، خەلقئارالىق تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، سۇپا ئىقتىسادى ساھەسىدىكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قائىدە-تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۇپا ئىقتىسادىغا ئائىت قانۇن-نىزاملارنى تېزدىن تاكامۇللاشتۇرۇپ، قائىدە جەھەتتىكى بوشلۇق ۋە يوچۇقلارنى ۋاقتىدا تولدۇرۇپ، رەقەملىك مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش رامكىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشتىن ئىلگىرىكى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى پۈتۈن زەنجىرلىك نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇشنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش كۈچىنى تولۇقلاپ، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلە پائالىيىتىنى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش دائىرىسىگە تولۇق كىرگۈزۈش كېرەك. سۇپا ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشقا مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، سانائەت ئالاقە تورى سۈپىتى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلغار ياسىمچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئىستېمال ساھەسىدىكى سۇپا كارخانىلىرىنىڭ بازار يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشنى قوللاپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. سۇپىدىكى ھەرقايسى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سۈپىتى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى زىممىگە ئېلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ سانلىق مەلۇمات ھوقۇق-مەنپەئەتى ۋە شەخسىي سىرىنى ساقلاش ھوقۇقىنى ياخشى قوغداپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزەتنى مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنى زورايتىشقا مەدەت بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن قاتلام تېخنىكا ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئوتتۇرا، كىچىك پەن-تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنى يۆلەش كېرەك. تور ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلىتىمىز تىرىشىپ 2030 - يىلدىن بۇرۇن كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، 2060 - يىلدىن بۇرۇن كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپلىق ئويلىنىپ چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەڭگۈلۈك سىجىل تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات بىلەن بۇلغىما چىقىرىشنى ئازايتىشنىڭ، ئومۇمىي گەۋدە بىلەن قىسمەنلىكنىڭ، قىسقا مەزگىل بىلەن ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئېنېرگىيەنىڭ يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتىنى ئاچقۇچ قىلىپ، بايلىق تېجەيدىغان ۋە مۇھىت قوغدايدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، بوشلۇق ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈش كېرەك. ئېنېرگىيە بايلىقنى تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تېجەشلىك بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئاددىي، مۇۋاپىق، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت ۋە بازار ئىككى قولدا كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش-چەكلەش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. خەلقئارا ئالاقە-ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئۈنۈملۈك بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. خەۋپ-خەتەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە باشقۇرۇش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بۇلغىمىنى ئازايتىش، كاربوننى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 - بەش يىل» كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، كۆزنەك مەزگىلى بولۇپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. پاكىز، تۆۋەن كاربونلۇق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېنېرگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، تاشقاتما ئېنېرگىيە ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەپ، پايدىلىنىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى ئورنىغا دەسسىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېڭى تىپتىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق كەسىپ ساھەلەردە بۇلغىمىنى ئازايتىش، كاربوننى تۆۋەنلىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، سانائەت ساھەسىدە يېشىل ياسىمىچىلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، بىناكارلىق ساھەسىدە ئېنېرگىيە تېجەش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، قاتناش ساھەسىدە يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق توشۇش شەكلىنى تېز شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تېخنىكىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۆۋەن كاربونلۇق، ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا تەتقىقاتىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بۇلغىمىنى ئازايتىش، كاربوننى تۆۋەنلىتىش تېخنىكىسىنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەمەلىي قوللىنىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تېخنىكىنى باھالاش، سودىلىشىش سىستېمىسى ۋە پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇلازىمەت سۈپىسى بەرپا قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش سىياسىتى ۋە بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيەنى «قوش تىزگىنلەش» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان مالىيە-باج، باھا، پۇل مۇئامىلە، يەر، ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كاربون قويۇپ بېرىش ھوقۇقى سودىسىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل پۇل مۇئامىلىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، يېشىل سەپەر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش يېڭى كەيپىياتىنى يارىتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنىڭ كاربون يىغىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇش-تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئورمان، ئوتلاق، سۇلۇق يەر، دېڭىز-ئوكيان، تۇپراق، توڭ تۇپراقنىڭ كاربوننى تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كاربون يىغىش ئاشۇرما مىقدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا قائىدە ئۆلچەملەرنى تۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل يىپەك يولى قۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر مەيدان قاتتىق جەڭ، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا بولغان بىر مەيدان چوڭ سىناق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نىشان بولۇش، تەدبىر بولۇش، تەكشۈرۈش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار كاربون قويۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ياخشى تۇتۇش ماھارىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

مەركەز مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تىرىشىپ دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىلىم-پەن مەركىزى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىگە ئايلىنىشى كېرەك. ۋەزىيەت كىشىنى ئالدىراتماقتا، خىرىس كىشىنى ئالدىراتماقتا، بۇرچ كىشىنى ئالدىراتماقتا. بىز دۇنيادىكى پەن-تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشقا تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق! دۆلىتىمىزدىكى كەڭ پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى ئالدىن ئىگىلەپ، مەسىلىلەرگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى كۆزلەپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تارىخ يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى دەۋر پەن-تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك پەن-تېخنىكا تەمىناتى بىلەن تەمىنلەپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا كۈچەپ تىرەك بولۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بىزنىڭ دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىشىمىزدىكى مۇقەررەر يول. ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىنى ئېلىشقىلى بولمايدۇ، سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، سوراپ ئالغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىنى ئۆز قولىدا تۇتقاندىلا، ئاندىن دۆلەتنىڭ ئىقتىساد بىخەتەرلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى بىخەتەرلىكى ۋە باشقا بىخەتەرلىككە تۈپتىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنىڭ ئۈنۈم-ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى كۈچەپ قوزغىتىش كېرەك. پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چەكلەۋاتقان بارلىق ئىدىيە توسالغۇسى ۋە تۈزۈم توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت «قوش چاقلىق قوزغىتىش»تا چىڭ تۇرۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يەر شارىۋى پەن-تېخنىكا ئىدارە قىلىشقا چوڭقۇر قاتنىشىپ، جۇڭگو ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى پۇختا بېكىتىپ، ئىختىساسلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇپلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ئىختىساسلىقلار ئاساسىنى كۈچەپ پۇختىلاش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئىختىساسلىقلارنى تاللاش مۇھىم. ئىختىساسلىقلارنى باھالاش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان يېتىشتۈرۈش مېخانىزمى، ئىشلىتىش مېخانىزمى، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، رىقابەت مېخانىزمىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، جاھاندىكى تالانتلىقلار جۇڭگوغا جەم بولىدىغان، ھەممە ئۆز قابىلىيىتىنى ئەركىن نامايان قىلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ ئېنېرگىيە گۇرۇھى قومۇل يەندۇن شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى مەركەزلەشتۈرۈش - كونترول قىلىش بىناسىنىڭ مەركىزىي كونترول خانىسىغا كىرگىنىمىزدە، ھەرقايسى ئېكرانلاردا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش سانلىق مەلۇماتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مەشغۇلاتقا مەسئۇل خىزمەتچى خادىملار شامال كۈچى، قۇياش ئېنېرگىيەسى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پات - پات ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. نۆۋەتچى خادىم ياڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «ھەر كۈنى 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ئادىمىمىز بار، نۆۋەتچى خادىم ئارقا سۇپىدىكى يۈرۈشلۈك سانلىق مەلۇماتى ۋە نەق مەيداندىكى خادىملارنىڭ ئۇدۇللاشتۇرۇشىغا ئاساسەن كاشىلىلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قومۇل شەھىرى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى ئېنېرگىيە تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ گۇرۇپپىلىدى، شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى شامال ئېنېرگىيەسى ۋە يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىنى ئېچىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى شىنجاڭدىكى بىرقەدەر بالدۇر شامال كۈچى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىنى ئۆزئارا تولۇقلاشتىن بىر ۋاقىتتا پايدىلىنىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، 47 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە 500 مىڭ پارچىگە يېقىن كۆپ كىرىستاللىق كرېمنىي تاختىسى رەتلىك تىزىلغان، سول تەرەپكە بۇلۇڭ گىرادۇسى بويىچە 132 شامال ئېلېكتر گېنېراتورى جايلاشقان.

«شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تولۇقلايدۇ، لايىھە جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل ئۆزئارا تولۇقلاش ھېسابلىنىدۇ، كەچتە يورۇقلۇق بولمىسىمۇ، شامال ئېلېكتر يەنىلا سىجىل توك تارقىتالايدۇ، ئەگەر كۈندۈزى شامال بولمىسا، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ئۆزئارا تولۇقلاپ توك چىقىرالايدۇ، شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان توك چىقىرىش شەكلى تەدرىجىي كېڭەيتىلىۋاتىدۇ» دېدى قومۇل يەندۇن شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلاش ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىستانسا باشلىقى ياڭ جىلۇڭ.

ياڭ جىلۇڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: قومۇل يەندۇن شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 660 مېتىردىن 710 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاساسىي شامال يۆنىلىشى شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، شامال كۈچى بايلىقى بىرقەدەر ياخشى؛ كەڭلىك گىرادۇسى قىيپاش شىمالدا بولۇپ، يەر شەكلى بىرقەدەر ئېگىز، بۇلۇت مىقدارى بىرقەدەر ئاز، ئاتموسفېرانىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ياخشى، يىللىق قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 6100 مېگاجوئۇل كېلىدۇ، بۇ يەرنىڭ شامال كۈچى ۋە قۇياش ئېنېرگىيە بايلىقى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، قومۇل يەندۇن شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇ يەرنى ماكان قىلىپ تاللىغان.

شىنجاڭدا، شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشتىكى ئۆزئارا تولۇقلاش كېچە بىلەن كۈندۈزدە بىر - بىرىنى تولۇقلاش بولۇپلا قالماستىن، يەنە پەسىل خاراكتېرلىك پەرقمۇ بار. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە شامال بايلىقى ئەڭ مول، شامال ئېلېكتر كۈچى ئەتىياز پەسلىدە ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىنىڭ ياز پەسلىدىكى توك چىقىرىش مىقدارى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، ياز، قىش ئىككى پەسىل توك ئىشلىتىش يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان پەسىل بولۇپ، شامال، يورۇقلۇق بىلەن توك چىقىرىش ئارقىلىق ئېلېكتر كۈچى تەكشى بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا بۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ياڭ جىلۇڭ مۇنداق دېدى: «گەرچە ئېلېكتر ئىستانسىسى شامال - يورۇقلۇق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ئەڭ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېھتىياجغا ئاساسەن قانداق قىلىپ دەل جايىدا توك چىقىرىش مەسىلىسى بىزنى ئىزچىل قىيناپ كەلگەنىدى.» بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2020 - يىلى، بىر يۈرۈش ئەقلىي ئىقتىدارلىق، تۈجۈپىلەنگەن كونترول سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. سىستېما ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدا 30%تىن ئارتۇق ئادەم كۈچى تېجىلىپ، قومۇلدىن جېڭجوۋغىچە بولغان ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە بايلىقىدىن پايدىلىنىش سەۋىيەسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى، قومۇلنىڭ شامال ئېلېكتىرىگە چەك قويۇش نىسبىتى 5%تىن تۆۋەنگە چۈشتى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق توك چىقىرىشقا چەك قويۇش نىسبىتى 3%تىن تۆۋەنگە چۈشتى.

«تېخنىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ياخشىلاش ئارقىلىق، ھازىر بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ترانسفورماتور پونكىتىدا ئادەمسىز نۆۋەتچىلىك يولغا قويۇلدى، ھازىرقى خادىملارنى تەقسىملەش نىسبىتىنى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئاز بولغاندا 20% تېجىگىلى بولىدۇ» دېدى ياڭ جىلۇڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش نىزامى (لايىھەنىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى)» قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاستە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى (تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋاقتى توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ سانىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنچىللىق تەشۋىق - تەربىيەسى نىزامى (لايىھە)» توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلدى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چىلانچىلىق كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر تەكلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش قائىدىسى» توغرىسىدىكى تەكلىپى تەكشۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئادۋوكاتلار قانۇنى›نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىغا قاراپ چىقىش پىكىرىنى تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.